# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

مەركەزنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيە
لىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن
كەچۈرۈش - تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات



3 1992

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

1992 - يىل 3 - سان
( ئومۇمىي 108 - سان )

گېزىت - ژۇرناللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكا نومۇرى : 1207


## مۇندەرىجە


ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى ........................................ (1)

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى ................................ ھامىدىن نىياز (4)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات تارماقلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ سۆز-لىرى ........................................ (12)

مەركەزنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەك-شۈرۈش توغرىسىدا دوكلات ........................................ دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى (18)

نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىنى مۇس-تەقىل يۈرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش كېرەك ................................ چېڭ شياڭچىڭ (28)

دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ناھىيىلىك، يېزىلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى ........................................ (32)

قىسقا خەۋەرلەر (ئىككى پارچە) ........................................ (33)



نەشر قىلغۇچى : ش ئۇ ئا ر خ ق دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامالى يولى 10 - قورو
تېلېفون : 228275 ئارقىلىق 736، پوچتا نومۇرى : 830002
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

# ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى : 1992 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى ، مۇخبىرلار جەمئىيىتى ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەسئۇللىرى ؛ شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسى ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى ئىدارىسى ، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى ئىدارىسى ، ئۈرۈمچى رادىئو ئىستانسىسى ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ھەمدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مۇخبىرلار بولۇپ 50 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ شاۋپېڭ ، باش كاتىپ ياسىن ناسىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ، بەنگۈڭتىڭنىڭ مۇدىرى فۇداشېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامدىن نىياز يىغىنغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى قىبلىنامە قىلىنىپ ، ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر يەنىمۇ مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك مۇنداق ھېسابلىدى : بۇ قېتىمقى يىغىن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىش ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تەشۋىق قىلىش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى : يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىپ ، نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى ، تەجرىبىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. لېكىن ھازىرقى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە رولىغا ، ئاساسىي قانۇنىنىڭ تەلىپى ۋە خەلق ئاممى-

نىڭ ئۈمىدىگە سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا زور پەرق بار. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەشۋىقات يەنىلا دېگەندەك سىستېمىلىق، دائىملىق، چوڭقۇر ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغانلىق، ئەمەلىيەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى، دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى، پارتىيىمىزنىڭ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا قانداق رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى ۋە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغانلىق. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى، پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئورتاق، ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇنى بوشاشماي تۇتۇپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

يىغىن مۇنداق ھېسابلىدى: نۆۋەتتە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇنداق بەش نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك: (1) ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەرب پارلامېنت دېموكراتىيىسى»نى تەرغىپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قارىلاپ، «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەشۋىق قىلىش لازىم. (2) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنى ۋە رولىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرگە دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىنى قوللايدىغان ۋە قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشكە نازارەتچىلىك قىلىدىغان قىلىش كېرەك. (3) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەجرىبىلەر ۋە نەزەرىيىۋى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش نۇقتىسىدىن تەشۋىق قىلىپ ۋە خەۋەر قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان بەزى تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا كېڭەيتىش ۋە قوللىنىش كېرەك. (4) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىكى تەرتىپ خاراكتېرلىك ۋە پائالىيەت خاراكتېرلىك ئىشلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە دائىر ۋەزنى بار، چوڭقۇر قاتلاملىق مەزمۇنلارنىمۇ ئېتىبار بىلەن خەۋەر قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. (5) خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئاساسىي گەۋدە ئىكەنلىكى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز بۇرچىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىش ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش

ھەققىدە تۆۋەندىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىپ، خەۋەر بېرىش پىلانى تۈزۈپ، مەخسۇس ئادەم قويۇپ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ، تەشۋىقات - خەۋەر بېرىشنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خەۋەر بېرىشكە مەسئۇل مۇخبىرلىرى نىسپىي مۇقىم بولۇشى ھەمدە ئۇلار ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىنى پىششىق بىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىلىپ، خەۋەرنى قانۇن قېلىپىغا چۈشۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئالاقىنى كۈچەيتىپ، زىچ ماسلىشىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئۆز ئارا ئالاقىلىشىپ، زىچ ماسلىشىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئەھۋالنى دائىم ئۇقتۇرۇپ تۇرۇشى، زۆرۈر ھۆججەت، ماتېرىيال ۋە زىيارەت يىپ ئۇچلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشى، تەشۋىقات، ئاخبارات تارماقلىرىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش - خەۋەر قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ تەرتىپى ۋە نەتىجىسىنى خەۋەر قىلىپلا قالماي، بەلكى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق تەشۋىق قىلىپ ۋە خەۋەر بېرىپ، يىغىندا قارالمىلارنى قاراپ چىقىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە قارار چىقىرىشنىڭ جەريانىنى كۈچەپ ئىنكاس قىلىش كېرەك. چوڭ - چوڭ قارالمىلارنى ۋاقتىدا، توغرا خەۋەر قىلىش ھەمدە ئۇنى مەزمۇن، شەكىل، بەت، ستون، ۋاقىت قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقىي ئىپادىلەش كېرەك. خەۋەر بېرىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلار ئارىلىقىدىكى خىزمەتلىرىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىنىمۇ دائىم خەۋەر قىلىش كېرەك. گېزىتلەر «خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى ستونى» ئېچىپ، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى «خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاۋازى»، «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق»، يەرلىك نىزاملاردىن لېكسىيە، قانۇن بىلىملىرىدىن سوئال - جاۋابلار قاتارلىق مەخسۇس پروگراممىلارنى تەسىس قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى تەسىرلىك، جانلىق ئىشلەپ، يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى كېرەك.

# خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى

هامىدىن نىياز

يولداشلار:

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈشتىكى بۈگۈن بۇ يەردە سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىن ۋاقتىدا ئېچىلدى، بۇ يىغىننى ئېچىش زۆرۈر ئىدى. مەن يولداشلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، بۈگۈنكى يىغىنغا قاتناشقانلىقىنى دائىمىي كومىتېتىمىز نامىدىن قىزغىن قارشى ئالىمەن، يولداشلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن! تۆۋەندە مەن خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش خىزمىتى ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1 . خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇش لازىم**

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ مۇھىملىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بۇنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن تونۇش مۇمكىن:

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى، ئورنى ۋە رولى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ھەممىگە مەلۇمكى، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئۇ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىغا، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلى. ئاساسىي قانۇندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە بارلىق ھاكىمىيەت خەلققە مەنسۇپ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى خەلقنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئورگانلىرىدۇر.»، «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ، خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، خەلقنىڭ نازارىتىدە بولىدۇ. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئورگانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنىڭ نازارىتىدا بولىدۇ.» دەپ

بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندىكى بۇ بەلگىلىمىلەردە خەلق قۇرۇلتىيىغا مۇقەددەس - سەلتەنەتلىك قانۇنىي ئورۇن بېرىلگەن، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالىي ھوقۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىملىقىنى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىغا مۇشۇ سىياسىي تۈزۈم ئارقىلىق كاپالەتلىك قىلىشنى قايتا - قايتا تەكىتلەپ كەلدى. نۆۋەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدە تېگىشلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلالمىغانلار خېلى بار، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنىغا تېگىشلىك ئېتىبار بېرىلمەيۋاتىدۇ، كىشىلەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى يەنىمۇ تەشۋىق قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئاخبارات - تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى تەشۋىق قىلىش مەلۇم بىر ئورگاننىڭ خىزمىتىنى تەشۋىق قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدىغان تۈپ تۈزۈمنى تەشۋىق قىلغانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلغانلىق، ئەمەلىيەتتە، پارتىيە رەھبەرلىكىنى تەشۋىق قىلغانلىق. چۈنكى پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئورنىدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزسە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىك ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى قانۇنىي تەرتىپلەر ۋە قانۇن ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش پارتىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئاساسىي ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانى ۋە ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانى توغرىسىدىكى تەكلىپى گوۋۇيۈەن تۈزگەن پروگراما شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ 8 - بەش يىللىق پىلانى ۋە ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانىمۇ شۇنداق بولدى. مۇشۇ جەريانلار ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇلدى. بۇ ھال دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى بىلەن پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ تامامەن بىردەك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش تۈپتىن ئېيتقاندا بىر ئىش.

خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمدە چىڭ تۇرغان ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا ، ئاندىن پارتىيە-
نىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.
ئۈچىنچى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقات-
نى ياخشى ئىشلەش — « تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش » كە قارشى تۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. نۆ-
ۋەتتە خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ ، شەرقىي ياۋروپادا كەسكىن ئۆز-
گىرىش بولدى ، سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلدى. چەت ئەللەردىكى دۈشمەن كۈچلەر « تىنچ
ئۆزگەرتىۋېتىش » ستراتېگىيىسىنى جىددىيلەشتۈرۈپ ، تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى دۆلىتىمىزگە
قاراتماقتا. ئۇلار بىزگە « دېموكراتىيىنى تەكىتلىمەيدۇ » دەپ ھۇجۇم قىلىپ ، خەلق قۇرۇلتى-
يى تۈزۈمىمىزگە جېنىنىڭ بېرىچە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ ۋە قارا چاپلاۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز ئىچىدى-
كى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چىڭ تۇرغۇچىلارمۇ غەربنىڭ
« كۆپ پارتىيە نۆۋەتلىشىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش » ، « ئۈچ ھوقۇق تەڭ تۇرۇش » تەك پارلا-
مېنت دېموكراتىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى-
مىزنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. يەنە بەزىلەر ، بولۇپمۇ ئىش كۆرمىگەن ياشلار ۋە ئوقۇ-
غۇچىلار سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىلمەي ، دېموكراتىيە گويا غەرب دۆلەتلىرىگىلا
خاس نەرسىدەك ، ئۇلارلا دېموكراتىيىنى تەكىتلەيدىغاندەك ، بىزدە بولسا دېموكراتىيە تە-
كىتلەنمەيدىغاندەك ، غەربنىڭ « دېموكراتىيە » ، « پارلامېنت تۈزۈمى »گە قارىغۇلارچە چوقۇن-
ماقتا. ئەمەلىيەتتە ، بىزدىكى دېموكراتىيە زور كۆپچىلىك خەلق بەھرىمەن بولىدىغان ھەقى-
قىي دېموكراتىيە ، بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىمىز خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدى-
غان تۈزۈم ، ئۇ غەربنىڭ تۈزۈمىدىن ھەسسىلەپ ئەۋزەل. شۇڭا ، خەلق قۇرۇلتىيى ھەققىدى-
كى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى « تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش »كە قارشى تۇرۇش ،
دۆلەتنىڭ تىنچلىقىنى قوغداش ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قوغداشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك
يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇشىمىز كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇ-
نىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مەردانىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ ، خەلقىمىزگە ، ياش-
لىرىمىزغا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ، بۇرژۇئاچە « دېموكراتىيە » ، « ئەركىن-
لىك »نىڭ ساختىلىقىنى بىلدۈرۈپ ، سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزنىڭ رەڭگىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەي
كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

**2. ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ھازىرقى ئەھۋال ۋە ساقلىنىۋاتقان مەسىلەر**

ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ
مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي كۈچەيتىلدى. 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى-
دىن كېيىن ، بۇ خىزمەت پەيدىنپەي دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار كۈنتەر-
تىپىگە كىرگۈزۈلدى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتى-
كومىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە تەشۋىقات - ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ

ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى ياخشى ئاساسقا ئىگە بولدى، ئەھۋال ئومۇمەن ياخشى. تەشۋىق قىلىش-خەۋەر بېرىش خىزمىتى سان - سۈپەت جەھەتتىمۇ، كەڭ - چوڭقۇر بولۇش جەھەتتىمۇ يىلدىن يىلغا يۈكسەلدى، قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدىكى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش - خەۋەر بېرىشمۇ، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى خىزمەت ئەھۋالىنى تەشۋىق قىلىش-خەۋەر قىلىشمۇ يىلدىن يىلغا ياخشىلاندى. بولۇپمۇ ھەر يىلى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغاندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىر نەپەر مەسئۇل يولداشنى يىغىننىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ يۈنىلىشنى توغرا ئىگىلەپ، تەشۋىق قىلىش - خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلىدى. «شىنجاڭ گېزىتى»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ھەر يىلى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغاندا كۈچلۈك قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ يىغىن ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى. يىغىن روھىنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر مىللەت مۇخبىرلىرى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى، «خەلق گېزىتى»، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق مەركىزىي ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلىرىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى، ئۇلار بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولدى، بەزىلىرى تېخى مەملىكەت بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ياخشى ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى نامىدىن، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش يولىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇخبىرلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

شۇنداقتىمۇ ئاساسىي قانۇندىكى تەلەپ ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نۆۋەتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىدە يەنىلا بەزى يېتەرسىزلىكلەر ۋە كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان تەرەپلەر ساقلانماقتا. بۇلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىچە: (1) بەزى تەشۋىقات - ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى تېخى تېگىشلىك ئورۇنغا قويمىدى، كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزمىدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش يەنىلا دېگەندەك سىستېمىلىق، دائىملىق، چوڭقۇر بولمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان يەرلىك نىزاملار، قارارلار بەزىدە گېزىتكە كېيىنرەك بېسىلىپ، ئۇنىڭ ۋاقتىدا يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يەتتى، بۇنىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەلەپكىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەتلىك ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى، دۆلەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى. خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قانۇن - نىزاملار ۋە قارارلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى

تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. شىنجاڭ گېزىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان يەرلىك نىزاملارنى ئېلگىرى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ كەلگەنىدى، بىراق بۇلتۇر ۋاقتىدا ئېلان قىلماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ قالدى، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكىسىنى ئاز كەم بىر ئاي كېچىكتۈرۈپ ئېلان قىلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قانۇن - نىزاملارنىڭ بەزىلىرى ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ، ئۇنى گېزىتكە بېسىش كېچىكتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىر يېتىدۇ. بەزى ماقالىلەردە قېلىپلاشقان سۆز - ئاتالغۇنى ئىشلەتمەسلىك ، ھەتتا قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولماسلىق ئەھۋالىمۇ كۆرۈلدى، بۇنى تۈزىتىش كېرەك. (2) خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا مۇنداق ئەھۋال بار: خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنى مەزگىلىدە تەشۋىق قىلىش كۆپ، يىغىن يېپىق مەزگىلىدە تەشۋىق قىلىش ئاز؛ ئادەتتىكى يىغىنلار ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيەتلىرىگە دائىر خەۋەر كۆپ، جانلىق، مەزمۇنلۇق خەۋەرلەر ئاز؛ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر خەۋەر كۆپ، شەھەرلىك، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر خەۋەر ئاز؛يازما خەۋەر، رادىئو خەۋەرلىرى كۆپ، تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرى، سۈرەتلىك خەۋەرلەر ئاز؛ كىشىنى قايىل قىلارلىق نەزەرىيىۋى ماقالىلەر ئاز. (3) بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى پىلانچانلىقى كەمچىل، مۇخبىر - تەھرىرلىرىنىڭ نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلىشى يېتەرسىز، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئۈنۈمىگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. يولداشلارنىڭ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، بۇندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش - خەۋەر قىلىشتا يەنىمۇ غەيرەت قىلىپ، بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 3. خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدىكى بىر نەچچە پىكىر

بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم.

خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ۋە كۈندىلىك مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، بۇ ئىشنى تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان بۇرۇنقىدەك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى تەشۋىقات خىزمىتىنى تۇتۇشقا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنى مەسئۇل قىلدى، بۇ ئىشخانا ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئەھۋاللارنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى خەۋەر يېزىش يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ، تەشۋىقات - ئاخبارات تارماقلىرىغا ئوبدان مۇلازىمەت قىلىشى لازىم. دائىمىي كومىتېتىمىزنىڭ خىزمەت تارماقلىرى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىگە پائال مەدەت بېرىپ ۋە ماسلىشىپ، ئۇلارنى زۆرۈر ماتېرىيال ۋە ھۆج-

جەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىشى لازىم. بۇ يىلدىن باشلاپ بىز ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت خەۋەرلىرى» نىڭ نامىنى «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» دەپ ئۆزگەرتتۇق، بۇندىن كېيىن ئۇنى بارا - بارا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان قىلماقچىمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە دائىر تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش. بىزنىڭ ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىپ، ئۇنى ھەقىقىي تۈردە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم جامائەت پىكرى بازىسى قىلىشىمىزغا ھەممەيلەننىڭ ياردەم ۋە مەدەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى قەرەللىك مۇھاكىمە قىلىشنى، خەۋەر بېرىش پىلانى تۈزۈشنى؛ ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭمۇ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرۇشنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خەۋەر بېرىشكە مەسئۇل مۇخبىرلارنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىنى پىششىق بىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، خەۋەرلەرنى قانۇن- نىزاملارغا ئۇيغۇن قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر مىللەت ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم بۇرچى قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا ۋە خەلق ۋەكىللىرى ئارىسىغا دائىم بېرىپ، ئەستايىدىل خەۋەر يېزىپ، خەۋەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مەزمۇنلۇق، تەسىرلەندۈرەرلىك خەۋەرلەرنى تېخىمۇ كۆپ يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇلتۇر مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى مەملىكەت مىقياسىدا «خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى ئەسەر» لەرنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى، ئاپتونوم رايونىمىزدىن ئىككى ئەسەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ ئەسەر ئىلھاملاندۇرۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭىمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ، تەشۋىقات - ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بۇنى پائال قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش لازىم.**

ئېلىمىزدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلغىنىغا ئاران 40 نەچچە يىل بولدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قۇرۇلغىنىغىمۇ ئەمدىلا 13 يىل بولدى. كىشىلەر يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ خىزمىتىنى تېخى ئانچە بىلمەيدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ. بۇ ھال بىزدىن ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا خەلق قۇرۇلتىيى

تۇزۇمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خاراكتېرى ، ئورنى ۋە رولىنى دائىم تەشۋىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى مۇھىم شەكىل. شۇڭا خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ھەققىدە خەۋەر بېرىش خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى يىغىن ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەرلەر كۆپ بولدى ، ئەمما دېگەندەك كەڭ ھەم چوڭقۇر بولمىدى. مېنىڭچە يىغىن ھەققىدە خەۋەر بېرىشتە ۋەكىللەر ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ پائالىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك ، چۈنكى ئۇلار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغان ئاساسىي گەۋدە. ۋەكىللەر ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشى ھەققىدە خەۋەر بېرىلمىسە ، يىغىن ھەققىدە بېرىلگەن خەۋەر جانسىز بولۇپ قالىدۇ. خەۋەر بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ، يەنى يىغىنىنىڭ تەرتىپلىرى ۋە نەتىجىسى ھەققىدىلا خەۋەر بېرىپ قالماستىن ، بەلكى كۆپ تەرەپلىمە ، كۆپ قاتلاملىق خەۋەر بېرىپ ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قاراپ چىقىش ئەھۋالى ھەم قارارنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى نۇقتىلىق خەۋەر قىلىش لازىمكى ، كىشىلەر بىزنىڭ قارار - بەلگىلىمىلەرنى دېموكراتىيە ئاساسىدا چىقىرىدىغانلىقىمىزنى بىلسۇن. چوڭ - چوڭ قارارلار ھەققىدە ۋاقتىدا خەۋەر بېرىش ھەمدە ئۇنى مەزمۇن ، شەكىل ، بەت ۋە ۋاقىت جەھەتلەردە ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرى ۋە دائىمىي كومىتېت يىغىنلىرى ئارىلىقىدىكى خىزمەتلەر ، خەلق ۋەكىللىرى ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرنىڭ مۇھىم پائالىيەتلىرىنىمۇ دائىم تەشۋىق قىلىپ تۇرۇش لازىم. قېرىنداش ئۆلكە ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدىن خەۋەر بېرىش ئۇسۇلى بويىچە ، گېزىتلەرنىڭ «خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتى ستونى» ئېچىشىنى ، رادىئو ئىستانسىسى ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ«خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئاۋازى» ، «دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق» دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس پروگراممىلارنى ، تېلېۋىزىيە نۇتقى ، يەرلىك نىزاملار ھەققىدە لېكسىيە ، قانۇندىن سوئال - جاۋابلار ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى بويىچە زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. قىسقىسى ، يولداشلارنىڭ مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ ، چارە - ئامال ئىزدەپ ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى جانلىقراق ، چوڭقۇرراق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ياخشى ئۇيغۇنلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۈچىنچى ، تەشۋىقات مەزمۇنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇي-

غۇن بولۇشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن شەكىللەر ۋە تەرتىپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا يۈرگۈزىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقاتىمۇ جەزمەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بۇرۇن ئايرىم خەۋەرلەردە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەزمۇنلار كۆرۈلدى، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىپ، تەشۋىقاتتا قانۇننى ئۆلچەم، پاكىتنى ئاساس قىلىپ، قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مەزمۇنلار ۋە سۆز - ئاتالغۇلاردىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، بۇ يىل ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى بولىدۇ، بۇ — خەلقىمىزنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى يەنە بىر چوڭ ئىش. تەشۋىق قىلىش - خەۋەر بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر تۈركۈم ۋەزنى بار خەۋەرلەرنى يېزىپ، مەملىكەت بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشۋىق قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەرنى باھالاشقا قاتناشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭدىن باشقا، بىز كېلەر ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىنى ئاچىمىز، بۇ مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىنى. يىغىندا بەزى چوڭ - چوڭ قارارلار قارىلىدۇ، بۇ يىغىن مۇھىم يىغىن. مەن يۇقىرىدا ئېيتقان پىكىرلەر ۋە تەكلىپلەرنىڭ مۇشۇ يىغىنغا دائىر خەۋەرلەردە گەۋدىلەندۈرۈلۈشىنى، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ يىغىن ھەققىدە تولۇق خەۋەر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بەزى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىش جەريانىدىكى باشقىچە پىكىرلەر ۋە تەنقىد، تەۋسىيەلەرنىمۇ ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش شەرتى ئاستىدا ئاشكارىلاشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يىغىننىڭ دېموكراتىك، ئەمەلىيەتچىل، ئىتتىپاقلىق، ئىلگىرىلەش كەيپىياتىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز لازىم. ئىشىنىمەنكى، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، پۇختا ئىشلەيدىغانلا بولسا، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ھەققىدىكى تەشۋىقات خىزمىتىدە چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات تارماقلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ سۆزلىرى

**ئىلاۋە:** ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئاچقان«خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تەشۋىقات تارماقلىرى، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەپ، كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلدى ۋە كۆپلىگەن ياخشى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىزگە زور ئىلھام بولغۇسى. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قىسقىچە باستۇق.

**ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ مۇنداق دېدى:** خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى، ئۇ، خەلقنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت هاكىمىيىتىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈردۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈپ خاراكتېرى غەربنىڭ پارلامېنت تۈزۈمىدىن پەرقلىنىدۇ. بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىمىز يەنە ئەڭ تولۇق دېموكراتىيە تۈزۈمى بولۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ كەڭ دېموكراتىيە ئەكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ماهىيەتتە كاپىتالىستىك دېموكراتىيىدىن پەرقلىنىدۇ. بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىمىز قانۇن تۈزۈش ئورگىنى، ئۇ قانۇن تۈزۈش خىزمىتى، قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنىمۇ تولۇق گەۋدىلەندۈردۇ، قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپ ۋە قانۇن ئارقىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇردۇ. دېمەك، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسىي بەرپا قىلىشنىڭ ئېھتىياجى. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن «1 - ئىيۇل» سۆزىدە كۆرسەتكىنىدەك: «سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئىناق - ئىتتىپاق بولغان ۋە جانلىق - تېتىك بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئەمىن تېپىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم». تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى مۇشۇ يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇپ، تەشۋىق قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشى كېرەك. نۆۋەتتە خەلقئارادا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، غەرب ئەللىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»نىڭ تىغ ئۇچىنى ئاساسلىقى جۇڭگوغا قارىتىۋاتقان ۋاقىتتا، مېنىڭچە، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشنى كۈچەيتىش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. غەرب ئەللىرى «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش»نى يولغا قويۇۋېتىپ بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك هوقۇق دېگەن بىر نېمىلەرنى بوسۇش ئېغىزى قىلماقتا. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئاز تەسىر كۆرسەتمىدى. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق دېدى: «غەربنىڭ تەشۋىقاتى تەسىر كۆرسەتمەيدىغان يەر يوق، ئۇلار تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئاشكارا تەرغىپ قىلماقتا. هازىر بەزى ياشلار بۇنى تونۇپ يەتمەي، ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىل-

مەيۋاتىدۇ. شۇڭا ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.» يولداش جياڭ زېمىن يەنە مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە، ھازىرقى ياشلار جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشەنمەيدۇ. كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىزنى قانداق بوزەك قىلغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي ياشلاردىلا ئەمەس، بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار. مەن دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ مەسئۇل يولداشلىرىغا جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەققىدىكى تەربىيە ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ھەققىدىكى تەربىيىنى باللار باغچىسىدىن باشلاش كېرەكلىكىنى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ياش يولداشلارغا قارىتا يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخى ۋە دۆلەت ئەھۋالى ھەققىدە تەربىيە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى قوزغىتىش كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدىم. مەن ئۆتكەن يىل «4 - ماي» سۆزۈمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈستىدە توختالدىم. ھازىر بەزى ياشلار غەربكە تەلپۈنىدۇ، غەربكە ھەۋەسلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە، غەربنىڭ تارىخىنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى يېتەكلەش، ئۇلارنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىمىز بار.» شۇنىڭ ئۈچۈن، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە كادىرلار ۋە ئاممىغا، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارغا ئېنىق چۈشەنچە بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە دۆلەتنىڭ «خوجايىن» ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، دېموكراتىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر. توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەگىشىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى قەتئىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ھەر يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە بىر نەچچە قېتىم ئېچىلىدىغان خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئاساسىي شەكىل بولۇپ، بۇنىڭغا كادىرلار ۋە ئامما ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ، بۇ، شەكسىزكى، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى، بەت ۋە كۆرۈنۈشلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ تولۇق تەشۋىق قىلىشى كېرەك. ھەر يىلقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋە بىر نەچچە قېتىملىق خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلىرىنى تەرتىپ خاراكتېرلىك خەۋەر قىلغاندىن تاشقىرى، تۈرلۈك تەكلىپ ۋە قارارلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن ئەھمىيىتىنى خەۋەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، يىغىننىڭ مەركىزىي قارارلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، خەلق ۋەكىللىرىنى تولۇق پىكىر قىلدۇرۇش، كۆرۈنۈشنى ئۇلارغا توغرىلاش كېرەك. بۇ يىلقى يىغىن مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىغىنى، بۇ ناھايىتى مۇھىم بىر يىغىن، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى خەۋەر قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇرۇن بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشىمىز ئاز، جامائەت پىكرىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى يېتەرسىز بولۇپ كەلدى، بۇ بىر كەمچىلىك. ئەمەلىيەتتە، خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى تەرەپلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، ئۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. بىر يەرلىك نىزامنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، بىر قائىدىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئاممىغا چوڭقۇر چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىش، نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ، بىز مۇشۇ تەرەپلەردىن خەۋەر قىلىشنىڭ باش تېمىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، خەۋەر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىل-

غاندىلا ، ئاندىن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىش ۋە ئىجتىمائىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىي تەرەققىياتتىكى مۇھىم ئورنى ۋە رولىنى يەنىمۇ كونكرېت تەشۋىق قىلغىلى بولىدۇ . خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى دائىملىق تەشۋىق قىلىشنى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى ، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ باش مۇھەررىرلىرى بۇ ئىشنى تۇتۇشى ، ئالاقىدار بۆلۈملەر بۇنىڭغا مەخسۇس كىشىنى مەسئۇل قىلىشى ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشتا مەخسۇس تېما ۋە مەخسۇس ستون ئېچىشى كېرەك .

خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ، خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنى ۋە ئۇنىڭ دائىملىق خىزمەتلىرىنى خەۋەر قىلىشتا بولسۇن ياكى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ تەۋسىيە ، مۇراجىئەتلىرىنى خەۋەر قىلىشتا بولسۇن ، ياكى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سۈرئىتىنى خەۋەر قىلىشتا بولسۇن ، ھەممىسىدە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىلىق بولۇشى ، ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشكە پايدىلىق بولۇشى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا پايدىلىق بولۇشى لازىم . ئىنتىپاقلىشىپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ، غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىغان جامائەت پىكرى پەيدا قىلىپ ، كىشىلەرنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەش لازىم .

خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ، ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈشتىن تاشقىرى ، تەشۋىقات سەنئىتىنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك . بۇ ھال تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات خىزمەتچىلىرىدىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ، مەسىلىلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشنى ، ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ۋە خەۋەر قىلىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ، تەشۋىقات ئۈنۈمىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

بۇ يىغىندىن كېيىن ، تەشۋىقات بۆلۈمىمىز مۇئاۋىن شۇجى ھامىدىن نىيازنىڭ سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىمىز ، خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى كۈنتەرتىپكە قويۇپ ئورۇنلاشتۇرىمىز . خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىمىزنىڭ خىزمىتىگە تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى قارشى ئالىمىز .

**شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى تيەن يۈميەن** مۇنداق دېدى : ئاپتونوم رايونلۇق مۇخبىرلار جەمئىيىتى ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ، ئاخبارات ئورۇنلىرى ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، ھۆكۈمەت بىلەن ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئالاقىسىنى ياخشىلايدىغان بەلباغ ۋە كۆۋرۈك بولۇپ ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا ماسلاشتۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشى كېرەك .

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى « خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتىكى ياخشى خەۋەر » لەرنى تاللاپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرماقچى بوپتۇ ، بۇ مۇخبىرلار جەمئىيىتىنىڭمۇ خىزمەت ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ، مۇخبىرلار جەمئىيىتىمىزمۇ بۇ پائالىيەتنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلىشىنى ئاكتىپ قوللايدۇ . ئۇندىن باشقا ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇخبىرلار جەمئىيىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قېرىنداش ئۆلكىلەر ۋە شياڭگاڭ ، ئاۋمېن ، تەيۋەندىن كەلگەن بەزى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋالدى . بىزمۇ قېرىنداش ئۆلكىلەرنىڭ بەزى مۇخبىرلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەرنى تونۇشتۇرساق بولىدۇ . بۇلارنى بىز قىلالايمىز ھەم قىلىشىمىز كېرەك . ئومۇمەن ، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، بىز بۇ تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى پائال ئىشلەيمىز .

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى چەي خۇەيجى مۇنداق دېدى :** شىنخۇا ئاگېنتلىقى دۆلەتلىك ئاگېنتلىق ، شۇنداقلا مۇھىم بىر تەشۋىقات ۋاستىسى . خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش ، خەۋەر قىلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز ، بۇرۇن بۇ جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق ، ئەمما پەرق ناھايىتى زور . بۇ قېتىم مەن بېيجىڭدىكى يىغىنغا قاتناشقان چېغىمدىمۇ بۇ مەسىلىنى دېگەنىدىم . خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلى خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ياخشى پۇرستى ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنى چوقۇم ئامال - چارە تېپىپ ياخشى تەشۋىق قىلىش ، مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋاتقىنىنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەۋەر قىلىشنىڭ خەلقئارادا زور قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ . بىز باش ئاگېنتلىق يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ، بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنىمۇ مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدۇق . بۇندىن كېيىن بۇ خىزمەتنى چوقۇم مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق ، خەۋەر قىلىش خىزمىتىنى بارلىق ئامال-چارىلەر بىلەن ياخشى ئىشلەيمىز ، بولۇپمۇ يىغىن مەزگىلىدىكى خەۋەر قىلىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىرگە ، ئادەتتىكى چاغلاردىكى خەۋەر قىلىشنىمۇ ياخشى تۇتىمىز .

**« شىنجاڭ گېزىتى »نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى شاۋچياڭ مۇنداق دېدى :** خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى . خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزمۇنى . خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماي ، بەلكى پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشى ، بۇ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان « شىنجاڭ گېزىتى »ئىدارىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . ھەر يىلى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلغاندا كۆپلەپ مۇخبىر ئەۋەتىپ ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەشۋىق ، خەۋەر قىلدۇق . خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىنكى كۈندىلىك خەۋەرلەرمۇ خېلى سانىنى ئىگىلەيدۇ . ئۆتكەن يىل « شىنجاڭ گېزىتى » مۇخبىرلىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى توغرىسىدا يازغان خەۋەرلىرى 130 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ ، خەۋەر ، تونۇشتۇرۇش ، خاتىرە ، مەخسۇس زىيارەت ، ئۆچېرىك ۋە مۇلاھىزە بار . ئومۇمەن ئالغاندا ئەھۋال يەنىلا ياخشى بولسىمۇ ، يېتىشسىزلىكلەرمۇ بار ، بىرىنچىدىن ، تەشۋىق ، خەۋەر قىلىش سېستىملىق ، دائىملىق ، چوڭقۇر ئەمەس ؛ ئىككىنچىدىن ، خەۋەر قىلىش دائىرىسى بىر قەدەر تار ؛ ئۈچىنچىدىن ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچقان مەزگىلدە خەۋەر قىلىش كۆپ ، يىغىن يېپىلغاندىن كېيىنكى خەۋەر قىلىش بىر قەدەر ئاز ، ئانچە چوڭقۇرمۇ ئەمەس .

بۇندىن كېيىن تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى كۈچەيتىمىز ۋە ياخشىلايمىز : ( 1 ) ئۆگىنىشنى كۈچەيتىمىز . مۇخبىر ، تەھرىرلەرنى ئاساسىي قانۇن ، قانۇنلار ۋە مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشنى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى تەشۋىق قىلىش ، « تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش »كە قارشى تۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ تونۇيمىز . ( 2 ) خەلق قۇرۇلتىيى تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ ، ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز . تەشۋىقاتنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە يېتەكچىلىك خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئۆزگىچە ماقالىلەرنى كۆپرەك ئېلان قىلىمىز . شاڭخەي شەھىرى ئەۋەتىپ بەرگەن « خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يې گۇڭچى كۆكتات بازىرىنى خۇپىيانە زىيارەت قىلدى » دېگەن تونۇشتۇرۇش مەملىكەت بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك ياخشى خەۋەر

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، بۇ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق، خەۋەر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ۋەكىللىرى ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش جەريانى، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرىمىز. ئۈچىنچىدىن، گېزىتخانىمىزنىڭ قارمىقىدا مۇخبىرلار پونكىتى بار، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ، مۇخبىرلىرىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تارقىتالايدىغان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنى خەۋەر قىلىش كۆپ، ناھىيىلىك، شەھەرلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنى خەۋەر قىلىش ئاز بولۇشتەك ئىلگىرىكى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىمىز.

**«خەلق گېزىتى»نىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ باشلىقى زېڭ كۈن** مۇنداق دېدى: مۇدىر ھامىدىن نىياز خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى ئۈچ تەرەپتىن شەرھلىدى. مەن تامامەن قوشۇلىمەن ۋە قۇۋۋەتلەيمەن. مۇدىر ھامىدىن نىياز ئاخباراتچىلارنىڭ شۇنچە تەكىتلەۋاتقىنىدا، بىز خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. بۇرۇن خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشتا، ئاساسەن يىغىن ئەھۋالى خەۋەر قىلىندى، مەخسۇس زىيارەت ۋە سۆز - پىكىرلەر كۆپ بولدى، جانلىق، يېڭى نەرسىلەر ناھايىتى ئاز بولدى.

مەركەز ئاچقان مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى ئىنتايىن تەكىتلىدى، بۇ قانۇنغا بېرىلگەن باھامۇ ئالاھىدە يۇقىرى بولدى. مېنىڭچە، شۇنچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن كادىرلار ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا «ئاپتونومىيە قانۇنى» ئارقىلىق خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ئىشلىگەنلىرى يېتەرلىك بولمىدى، بۇنى كۈچەيتىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى، خىزمەتلىرىمىزگە قانۇن يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم، مېنىڭچە، بۇ بىر چوڭ ئىش.

ئاخىرىدا، خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلارنىڭ بىزگە ئەھۋاللارنى كۆپرەك يەتكۈزۈپ، ئەمەل كۆرسىتىپ، تېما چىقىرىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن «خەلق» گېزىتىدە ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىشقا پايدىسى كۆپ.

**شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باش مۇھەررىرى گاۋفۇشىڭ** مۇنداق دېدى: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. خادىملارنى بۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە رادىئو نومۇرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى مەزگىلىدە خەۋەر تارقىتىش شەكلى بىر قەدەر جانلىق، كۆپ خىل بولدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى تەشۋىق قىلىشتا بەلگىلىك نەتىجە ياراتتى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇھىم مەسىلە قانداق قىلىپ رادىئونىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. رادىئونىڭ تارقىلىشى تېز، ئۇنۇمى كۈچلۈك، قاپلاش دائىرىسى كەڭ، بۇلار رادىئونىڭ ئالاھىدىلىكى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا، توغرا، يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئاڭلىتىپ تارقىتىش رادىئو ئىستانسىمىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى. بۇنىڭدىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، مۇخبىر، تەھرىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز

ئۆستۈرىمىز .

**شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پارتكوروپپىسىنىڭ شۇجىسى ، مۇئاۋىن ئىستانسا باشلىقى ياڭ لېيەنيۇڭ مۇنداق** دېدى : بۇرۇن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ، بۇ ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدىن ، ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كونكرېت يېتەكچىلىكىدىن بولدى .

خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرىمىزمۇ بار ، بۇندىن كېيىن ئۆزگەرتىمىز . ( 1 ) مۇھىم يىغىنلارنى خەۋەر قىلىشقا ماھىر ، چۇۋەر مۇخبىرلارنى ئەۋەتىپ تۇرىمىز ۋە مەخسۇس پروگراممىنى داۋاملاشتۇرىمىز . مەسىلەن ، چوڭ يىغىن ھەققىدىكى مەخسۇس خەۋەر ، شەخسلەرنى مەخسۇس زىيارەت قىلىش ، چوڭ يىغىن توغرىسىدىكى تەرمە خەۋەر قاتارلىقلار . ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنى ياخشى تەشۋىق قىلىمىز . ( 2 ) خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى خەۋەر قىلىشنى ، بولۇپمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىمىز . خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ بىز بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ ، بىزنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىشىنى ، بەزى نەق مەيدان كۆرۈنۈشلىرىنى خەۋەر قىلىشىمىزغا ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز . ئاشۇنداق خەۋەرلەر ياخشى خەۋەر بولىدۇ . ( 3 ) قانۇنلارنى تەشۋىق قىلىشنىمۇ كۈچەيتىمىز . بىر مەخسۇس پروگراممىا ئىچىدە قانۇن پروگراممىسى ۋە قانۇن بىلىملىرىدىن لېكسىيە پروگراممىسىنى ئاچماقچىمىز . يېڭى باشلىغاندا تەجرىبە كەم بولىدىغانلىقتىن ، خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى رەھبىري يولداشلارنىڭ كۆپرەك يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز . ( 4 ) خ ق دائىمىي كومىتېتى بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ ، دائىملىق ئالاقىنى كۈچەيتىمىز . يىغىن بولسا ئالاقىلىشىدىغان ، يىغىن بولمىسا ئالاقىلاشمايدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىپ ، يىغىن ئېچىلمىغاندىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز . خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكىلەرنىڭ قانداق يېڭى ئوي - پىكىرلىرى ، پىلانى بولسا بىزگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ تۇرسا . بىز ئۆزئارا ماسلىشىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيلى . بىزنىڭ بۇ يىل خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە يەنە بىر پەللە ئۆرلەش ئىرادىمىز بار .

**« شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتى »نىڭ باش مۇھەررىرى سۈن بىنيەن مۇنداق** دېدى : نۆۋەتتە قانداق قىلىپ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىقنى ياخشى تەشۋىق قىلىش — گېزىتچىلىك خىزمىتىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك . تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئاممىغا سوتسىيالىستىك دۆلەتتە خەلقنىڭ قانداق خوجايىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ . بۇرۇن بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ ، يەنىلا يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز . شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز . گېزىتىمىز كىچىك ، بېسىلىپ چىقىش ۋاقتى ئۇزاق بولغانلىقتىن ، بەزى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىمىز . شۇنداق بولسىمۇ بۇ يىل مۇخبىرلىرىمىزنى ئاساسىي قاتلاملارغا ئەۋەتىپ ، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئاممىغا ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنلىكىنى ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ئۇنى مۇھاكىمە قىلىشقا دائىر ئىشلارنى تۇتۇپ خەۋەر قىلماقچىمىز . شۇنداق قىلىپ ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى گېزىتىمىزدە داۋاملىق ئەكس ئەتتۈرۈپ ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىمىز .

كۆزدىن كەچۈرۈش دوكلاتى

# مەركەزنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش توغرىسىدا دوكلات

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى 114 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارارى بويىچە، ئۆتكەن يىلى 10 - ئايدا نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش - تەكشۈرۈش گۇرۇپپىمىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قاراماي شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى، مايتاغ كان رايونى، تارىم نېفىتلىكى قوماندانلىق شتابى، جەنۇبىي بۇگۇر قوماندانلىق ئورنى، بايىنغولىن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇ، شىخو، كۈيتۇن، كورلا، بۈگۈر، شايار ۋە كۇچا قاتارلىق ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرگە ۋە نېفىت چىققان يېزىلارغا بېرىپ، مەركەزنىڭ نېفىت ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ۋە يەرلىكنىڭ نېفىت قېدىرىپ تەكشۈرۈش ھەم ئېچىشقا ياردەم بېرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلىدۇق، ئالاقىدار رەھبەرلەر، خەلق ۋەكىللىرى، ئىشچىلار، دېھقان - چارۋىچىلار قاتناشقان تۈرلۈك سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ پىكىر ئالدۇق، نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرىنى، نېفىتلىك ۋە نېفىت بازىلىرى قۇرۇلۇشىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق، مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك نازارىتى، يەر باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە باج ئىدارىسىدىكى مەسئۇل يولداشلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىدۇق. مەركەزنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى خېلى ئەتراپلىق ئىگىلىدۇق.

## بىرىنچى، ئاساسىي ئەھۋال

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقى بىلەن، شىنجاڭدىكى نېفىت،

نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى 40 نەچچە يىللىق قىدىرىپ تەكشۈرۈش، ئېچىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت سانائىتى بازىسىغا ئايلىنىپ، مەملىكىتىمىز بويىچە 4 - ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ نېفىتلىك بولۇپ قالدى. ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جۇڭغار، تارىم ۋە تۇرپان قاتارلىق ئۈچ چوڭ ئويمانلىقتىكى نېفىتنىڭ گېئولوگىيىلىك مەنبەسى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. قۇرۇلغان نېفىتلىكنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 150 مىليون توننىدىن ئېشىپ، ئىشلەپچىقىرىلغان خام نېفىت جەمئىي 100 مىليون توننىدىن، توشۇپ كېتىلىۋاتقان خام نېفىت ۋە پىششىقلانغان نېفىت 70 مىليون توننىدىن ئارتۇق بولدى. 1991 - يىلى نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 700 مىليون يۈەن (1990 - يىللىق ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا) دىن كۆپرەككە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 21.5% نى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە غوللۇق كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ 1984 - يىلى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرى «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، پائال تۈردە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، يەر - زېمىن، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق تەرەپلەردە يەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى.

— «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرغان. شىنجاڭنىڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر يىلى كادىرلار، ئىشچىلار، ئائىلە تەۋەلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى تەربىيىسى پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرغان. تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى بىرلەشمە جەڭ قىلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، بىرلەشمە جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كەلگەن ھەر بىر قوشۇنغا «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ھەققىدە تەربىيە بېرىشنى باشتىن ئاخىر قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆستۇرۇپ، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كەڭ تۈردە ياخشى ئىش ۋە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشـ

قان.

— نېفت سانائىتىنى باشلامچى قىلىپ، يەرلىكتىكى كارخانىلارنى يېتەكلەپ، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن. نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچىدىن ئومۇمىي قىممىتى تەخمىنەن 90 مىليون يۇەن كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ۋاستىلىرى، ئۈسكۈنە، ماتېرىيال زاكاس قىلىپ ۋە ماشىنىلىرىنى ياسىتىپ، بەزى زاۋۇتلارنى يۆلىگەن ۋە جانلاندۇرغان. پوسكامدا 540 مىليون يۇەن مەبلەغ سېلىپ نېفت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قۇرغان، پەقەت كىرا ھەققىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر تۈردىلا ئاپتونوم رايونغا ھەر يىلى تەخمىنەن 70 مىليون يۇەن تېجەپ بەرگەن. ھەر يىلى بىر قىسىم نېفت مەھسۇلاتلىرىنى تەڭشەپ، ئاپتونوم رايون ۋە يەرلىككە ياردەم قىلغان، 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يەرلىك بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەمكارلاشقان تۈرلەر 50 كە يېتىپ، سېلىنغان مەبلەغ 60 مىليون يۇەنگە يېقىنلاشقان. تارىم نېفت قوماندانلىق شتابى ئاپتونوم رايون ئىچىدىن ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا ۋە ماشىنىلىرىنى ياسىتىشقا 320 مىليون يۇەن سەرپ قىلغان، ئاپتونوم رايون ئىچىدىكى قاتناش كۈچلىرىنى نېفتلىككە ئىشلىتىپ 130 مىليون يۇەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىگەن. يەرلىكنىڭ سانائەت ۋە مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا 7 مىليون 408 مىڭ يۇەن مەبلەغ سالغان ۋە قەرز بەرگەن. ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ھەر يىلى ئاپتونوم رايونغا 80 مىڭ توننىغا يېقىن بېنزىن، سېلىياركا، ئورىيا ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز ياردەم قىلغان.

— يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئىشلىرىغا ئېتىبار بېرىپ، يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇش ۋە خەتەر - ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەن. نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسى 82 - يىلدىن بېرى، يەرلىككە تەخمىنەن 54 مىليون يۇەندىن ئارتۇق قىممەتتىكى مەبلەغ ۋە ھەر خىل ماددىي ئەشيانى ھەقسىز ياردەم قىلغان، 79 مىڭ توننا ھەر خىل نېفت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، 8 مىليون 300 مىڭ يۇەن پايدا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. 1 مىليون 910 مىڭ يۇەن مەبلەغ سېلىپ، تولى ناھىيىسىگە يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۇەنلىك ستولبا زاۋۇتى، تاشپاختا زاۋۇتى قۇرۇپ بەرگەن. ئالتاي شەھىرى ۋە تولى ناھىيىسىنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشىغا 680 مىڭ يۇەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلغان، 500 توننىدىن ئارتۇق بېنزىن ۋە سېلىياركا تەقدىم قىلغان. پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاسفالت يول ياسىشىغا 500 توننا قاراماينى ھەقسىز بەرگەن ھەمدە 569 مىڭ يۇەنلىك يول ياساش خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان.

— يەرلىكتىكى ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىپ، نېفتلىك قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرغان، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە يەرلىكتىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىشتە، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ئاۋۋال قوبۇل قىلغان. قاراماي نېفتلىكى يەرلىكتىن ئىشچى قوبۇل قىلغاندا ئاز سانلىق مىللەتلەر-

نىڭ نىسبىتىنى 33.3% كە يەتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن نىسبەتتىن يۇقىرى قىل-
غان. ھەر يىلى يەرلىكتىن 8000 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئىش قىممى-
تى 50 مىليون يۈەن بولغان. تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى ئىشلەتكەن ۋاقىتلىق، توخ-
تاملىق ئىشچى 2000 غا يېقىن بولۇپ، ئۇلارغا 11 مىليون 290 مىڭ يۈەن ھەر خىل ئەمگەك
ھەققى بەرگەن.

— ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىل-
لەت مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. 1985 - يىلدىن بېرى، نېفىت باشقۇرۇش
ئىدارىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرىدىن 5476 نى تاللاپ ئۆستۈرگەن. يېتىشتۈرگەن ئاز
سانلىق مىللەت تېخنىك كادىرلىرى 3687 بولۇپ، 30 نەچچە نەپەر ئاز سانلىق مىللەت تېخ-
نىك خادىمى ئىدارە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەتقىقات تېمىسىدىن 27 نى ئۈستىگە ئالغان. بۇ-
نىڭ ئىچىدە 22 تۈر جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخ-
نىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ھازىر ئىدارە قارمىقىدا ئاز سانلىق مىللەت ئوتتۇ-
را - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 13ى، 11 مىڭ 900 نەچچە ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، ئالىي مەك-
تەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە نېفىت تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئو-
قۇغۇچىلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيگەن.

مەركەزنىڭ نېفىت، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى نېفىتلىك ئېچىش ۋە نېفىتلىك
قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشىنى ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ كۈچلۈك ياردەم بېرىشىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.
كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ھەر
مىللەت ئاممىسى نېفىتلىك ئېچىش ۋە نېفىتلىك قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى ۋە
ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. نېفىتلىك ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈ-
زۈپ چىقتى. قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، تەييارلىق كۆ-
رۈش، رېمونت قىلىش، قاتناش - ترانسپورت، يەر سېتىۋېلىش، يەردىن پايدىلىنىش، سۇ-
توك بىلەن تەمىنلەش، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تۇرمۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق نۇر-
غۇن جەھەتلەردە بىرلەشمە جەڭ خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

## ئىككىنچى، ساقلانغان مەسىلىلەر

«مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دا: «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك
جايلاردا بايلىق ئاچقاندا، قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ
مەنپەئىتىگە ئېتىبار بېرىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پايدى-
لىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە
تۇرمۇشىغا ئېتىبار بېرىشى كېرەك»دەپ بەلگىلەنگەن. بىراق بۇ جەھەتتە يەنىلا نۇرغۇن مە-

سلىلەر ساقلانماقتا. ئاساسلىقى:
1. نېفت باھاسى بەك تۆۋەن، خام نېفت ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن نېفت توشۇپ كېتىلىۋاتقانلىقتىن، نېفت ئىشلەپچىقىرىلىۋاتقان رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتى باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا يۆتكىلىپ كېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت قازىنىشىغا تەرتكە بولالمايۋاتىدۇ. نېفت مەھسۇلاتى بېجىنى ئۆلۈشلەشتۈرۈش جەھەتتە، يەرلىك «ئۈچ ئۆلۈش»، مەركەز «يەتتە ئۆلۈش» ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلغان. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىز ئالغان «ئۈچ ئۆلۈش»نىڭ كۆپ قىسمى نېفت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئاشلىق - ماي، قوشۇمچە يېمەكلىككە يار-دەم پۇل بېرىشكە چىقىم قىلىنىپ كېتىپ، كىرىم قىلىنغان نېفت مەھسۇلاتى بېجىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك مەركەزگە تاپشۇرۇشتەك ئوبيېكتىپ پاكىت شەكىللەنگەن. خام نېفت مەھسۇلاتى بېجىنى ھېسابلاپ ئېلىشتا، دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش 12% تىن ئېلىنىدۇ دەپ بەلگىلىگەن، ئەمما شىنجاڭدا 5% تىن ئېلىنىۋاتىدۇ، يەنە نورمىدىن ئا-شۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىلغان خام نېفتتىن مەھسۇلات بېجى ئېلىش ۋاقتىنچە كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دەپمۇ بەلگىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن 86 - يىلدىن 90 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز نېفت مەھ-سۇلاتى بېجىدىن 400 نەچچە مىليون يۈەن ئاز كىرىم قىلغان. بايلىق بېجى ئېلىش جەھەتتە، مەملىكەت بويىچە ھەر بىر توننا خام نېفتتىن 1 يۈەندىن 24 يۈەنگىچە باج ئېلىش ئۆلچەم قى-لىنغان. ئەمما، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نېفتلىكلەردىن باج ئېلىنمىغاچقا، 86 - يىلدىن 90 - يىلغىچە 739 مىليون يۈەن باج ئاز ئېلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىمىگە تەسىر يەتكەن.

2. نېفت قۇرۇلۇشى ۋە مەھسۇلات پىلانى جەھەتتە دۆلەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش ۋە باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمىغان. نېفتلىك چارلاش - ئېچىش ئەھۋالىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە سىستېمىلىق باشقۇرۇش كەمچىل بولغان. نېفتلىك ئېچىش ئىشىغا مۇلازىمەت قىلىش ۋە نېفت سانائىتىدىن قانداق پايدىلىنىپ يەرلىكنىڭ باشقا كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتا، ئومۇمىي جەھەتتىن بىر تۇتاش پىلانلانغان تەرەققىيات پىلانى ۋە كەسىپلەرنى را-ۋاجلاندۇرۇش سىياستى بولمىغاچقا، جايلارنىڭ ئۆز ئارا باھانى چۈشۈرۈپ رىقابەتلى-شىش ئەھۋالى تۇغۇلۇپ، يەرلىكتىكى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكەن. نېفتلىك ئېچىش تارماقلىرى يەرلىك ئورۇنلار نېفتلىك چارلاش ئۈچۈن ئىشلەپچىقارغان ماشىنا زاپ-چاسلىرىنى ئىشلەتمەي، ئىچكىرىدىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ سېتىۋالغاچقا، يەرلىككە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن، نېفتلىكتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كېرەكلىك دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ۋە كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر جەھەتتە يەرلىككە پىلان يوللىماي، لازىم بولغاندا ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ بەس - بەس بىلەن سېتى-ۋېلىپ، مال باھاسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، شۇ جايدىكى كادىرلار، ئاھالىلەر بۇ-

نىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان.

3. «سۇ قانۇنى»، ئامانلىقنى باشقۇرۇش نىزامى، قاتناش، مۇھىت ئاسراشقا دا-
ئىر قانۇن - نىزاملار كۈچلۈك ئىجرا قىلىنمىغانلىقتىن، جەمئىيەت ئامانلىقنى قوغداش، قات-
ناش باشقۇرۇش ۋە مۇھىت قوغداش جەھەتلەردە دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق بىر قەدەر زور بول-
غان. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى شۇ جاينىڭ سۇ بايلىقى جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال-
نى نەزەردە تۇتماي، ھېچقانداق رەسمىيەت ئۆتىمەي ۋە سۇ ئېلىش ئىجازەتنامىسىنى ئال-
مايلا، 20 نەچچە قۇدۇق قېزىۋالغان، بۇ قۇدۇقلارنىڭ ھەر بىرىدىن كۈنىگە 1500 كۇب مېتر
سۇ ئېلىنىدىكەن. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، شۇ جاينىڭ ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇشقا سۇ ئىش-
لىتىشكە قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. تارىم، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنى ئېچىشقا قاتناشقان
ئىشچى - خىزمەتچى 40 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىراق بۇنى يەرلىك ج خ ئورگانلىرىغا ۋاقىتلىق
نوپۇسقا ئېلىشنى مەلۇم قىلمىغاچقا، شۇ جايلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقنى باشقۇرۇشقا نا-
ھايىتى چوڭ قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ھەر خىل چوڭ تىپ-
تىكى ئاپتوموبىلى 1500 دىن ئاشىدىكەن، ئەمما بۇنى يەرلىك قاتناش باشقۇرۇش تارماق-
لىرىغا تىزىملاتمىغان، قائىدە بويىچە ھەقمۇ تاپشۇرمىغان. ئاپتوموبىللار ئۆز ئالدىغا يول
ئېلىپ مېڭىۋېرىپ، چۆل - جەزىرىنىڭ قوغدىلىش قاتلىمىنى بۇزۇپ، بوران - قۇم ئاپىتىنى
كەلتۈرۈپ چىقارغان. تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئاپتوموبىللىرى قۇملۇقتىكى چوڭ كۆلەمدىكى توغ-
راقلىقنى ۋە ياۋا ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ئې-
غىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان.

4. «يەر باشقۇرۇش قانۇنى» قاتتىق ئىجرا قىلىنمىغان، نېفىتلىك ئېچىش، نېفىتلىك
قۇرۇلۇشىغا يەر ئىشلىتىش ئىشىنىڭ باشقۇرۇلۇشى بوش بولغان. تارىم نېفىتلىك ئېچىش
قوماندانلىق شتابىنىڭ جەنۇبىي بۈگۈر نېفىتلىكىنى ئېچىش رايونى 1986 - يىلدىن بۇيان
500 نەچچە كۋادرات كىلومېتر يەرنى ئىگىلىگەن، ئۇ يەردە تۈرلۈك نېفىت قۇدۇقىدىن 74 نى
قازغان ھەمدە نۇرغۇن تاشيول، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەسلىھەلىرىنى ياسىغان بو-
لۇپ، تەخمىنەن 23 مىڭ مو يەرنى ئىگىلىگەن. ئەمما ئۇلار شۇ جايدىكى يەر باشقۇرۇش
تارماقلىرىغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ يەر ئىشلىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، يەر ئىشلىتىش گۇ-
ۋاھنامىسىنى ئالمىغان. يەر ئىشلەتكەندە «يەر باشقۇرۇش قانۇنى»دىكى بەلگىلىمە بويىچە
تۆلەم بەرمىگەن. ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرمىغان. نېفىت
قۇدۇقى قازغاندا ئەتراپتىكى چاتقال، توغراق، چۆپلۈك قاتارلىق يېپىنچىنى ۋەيران قىلى-
ۋەتكەن بولسىمۇ، شۇ جايدىكى دېھقان - چارۋىچىلارغا ئاق ھۆججەت يېزىپ بېرىپلا بولدى
قىلغان. بۇنىڭدىن ئامما قاتتىق نارازى بولغان. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكىنىڭ ۋاقىتلىق
ئىشلىتىۋاتقان يېرى 86 . 123 گېكتارغا يەتكەن بولسىمۇ، بەلگىلىمە بويىچە يەر ئىشلىتىش
رەسمىيىتىنى بېجىرمىگەن ۋە ۋاقىتلىق ئىشلەتكەن يەر ئۈچۈن باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرمى-
غان.

5 . نېفىت گازى بايلىقىنى ئىسراپ قىلىۋېتىكەن . ھازىر شىنجاڭنىڭ نېفىت ئايرىش كار-
خانىسى ، تەبىئىي گازنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغانلىقتىن ، تارىم ۋە تۇرپان -
قۇمۇل نېفىتلىكىدە نۇرغۇنلىغان تەبىئىي گاز بايلىقى ھاۋاغا قويۇپ بېرىلمەكتە . نېفىت گا-
زىدىن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئېلىنمايۋاتىدۇ .

## ئۈچىنچى ، تەكلىپلەر

1 . « ئاساسىي قانۇن » ۋە « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »نى ئۆگى-
نىش ، تەشۋىق قىلىشنى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى توغرىسىدىكى تەربىيىنى داۋام-
لىق كۈچەيتىش لازىم . ئۆتكەندە نېفىت ، نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرى « مىللىي تېر-
رىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »نى ئۆگىنىش ،تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامى-
دا مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ، خۇسۇسەن شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى
كونكرېت خىزمەتلەردە بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر ۋە ئۇسۇللارنى ھاسىل قىلدى ،
بۇلارنى داۋاملىق ئوبدان يەكۈنلەش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك . « مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى »نى داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىش ، تەشۋىق قىلىش ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر
سىياسىتى تەربىيىسىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇش ، شۇنداقلا « مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى »نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ ، ساقلانغان مەسى-
لىلەرنى تۈزىتىش ، تەدبىر - پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىش ، شۇ ئارقىلىق « مىللىي تېررىتورىيى-
لىك ئاپتونومىيە قانۇنى »نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك .
2 . نېفىت قۇرۇلۇشىغا شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنى ئېتىبار بىلەن قو-
بۇل قىلىش لازىم . « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »دا : « مىللىي ئاپتونومىيى-
لىك جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا قاراشلىق كارخانا - كەسپىي ئو-
رۇنلار خادىملارنى قوبۇل قىلغاندا ، شۇ جايدىكى ئازسانلىق مىللەت خادىملىرىنى ئېتىبار
بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم . » دەپ بەلگىلەنگەن . نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، تارىم ۋە تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى ئىشچى - خىزمەت-
چى قوبۇل قىلغاندا ، شۇ جايدىكى كىشىلەرنى ، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى
قوبۇل قىلىپ ، نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرۇشى لازىم . ئەمگەك كۈچىنى يەرلىك ئو-
رۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغانلا ئىش تۈرلىرىدە ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك تارماقلىرى ئىجتى-
مائىي بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىن شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ ، نېفىتلىككە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسى-
لىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك .
3 . « مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى »قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئەستا-
يىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ، بايلىق مەنبەلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم . « مىل-

لىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، «كان بايلىقلىرى قانۇنى»، «سۇ قانۇنى»،
«يەر باشقۇرۇش قانۇنى»، «مۇھىت ئاسراش قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى
ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، بايلىق مەنبەلىرى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قانۇن بويىچە باش-
قۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «مىللىي تېررىتورىيىلىك
ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە
ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «مىللىي
تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدى-
لىرىنى تېزرەك تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

4. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك ئورۇنلار نېفىتلىك ئېچىشنى باشقۇرۇشقا قاتنىش-
شى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىتلىكنى قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئې-
چىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى، گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى بىر نەپەر
مۇئاۋىن رەئىس ئۈستىگە ئېلىشنى، نېفىتلىك بار ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر-
دىمۇ مۇناسىپ ئاپپارات قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەكلىپ قى-
لىمىز. قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش جەريانىدا كېرەكلىك بولغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش
ئامىللىرى، يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى بىر تۇتاش مۇھاكىمە قىلىپ، ماسلاشتۇرغان ھالدا
ھەل قىلىش كېرەك، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىلا قوللىنىپ نېفىتلىكنى ئېچىشقا ياردەم بەرگەن
بىلەن بولمايدۇ، نېفىت تارماقلىرى بىلەن ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مەنپە-
ئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ھەر قايسىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

5. خام نېفىت بايلىقىنى ئېچىش بېجى ۋە نېفىتلىك ئېچىشنى يۆرۈشلەشتۈرۈش ھەققى
ئېلىشنى يولغا قويۇش كېرەك. بايلىق ئېچىش بېجى ئېلىش ئارقىلىق، بىرتەرەپتىن مالىيە
كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ياردىمىنى تېجەپ قالغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن «بىكارغا ئې-
لىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن گەپ - سۆزلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇڭا، داچىڭ نېفىتلىكىدە
ھەر توننا خام نېفىتتىن 24 يۈەن ھەق ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە بايلىق بېجى ئېلىشنى تەكلىپ
قىلىمىز. بۇنىدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىزدا نېفىتلىك ئېچىش بويىچە مۇلازىمەتنى يۈرۈش-
لەشتۈرۈش مەبلىغى ئېلىنماي كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۈرۈشلەشتۈ-
رۈش ھەققى ئېلىش توغرىسىدا مۇۋاپىق بىر ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇپ، گوۋۇيۈەنگە تەستىق-
لىتىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

6. نېفىت، نېفىت خىمىيە كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىنى
ۋە خام نېفىت مەھسۇلاتىنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز-
دا خام نېفىت مەھسۇلاتى 5 مىليون توننا ئۆتكىلىنى بۆسۈپ ئۆتتى. بۇنىڭدىن مەملىكەت
بويىچە بىر تۇتاش قوللىنىۋاتقان باج نىسبىتى، يەنى سېتىش كىرىمىنىڭ 12%ى بويىچە خام
نېفىت مەھسۇلاتى بېجى ئېلىش كېرەك. 1990 - يىلى خام نېفىتنىڭ بىر تونىسىنىڭ ئەڭ يۇقى-
رى باھاسى 748 يۈەن بولغانىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا بولسا خام نېفىتنىڭ كۆپ قىسمى

مۇقىم باھادا (ھەر توننىسى 216 يۈەن) ۋە پىلان ئىچىدىكى يۇقىرى باھادا بولۇپ، ئاسا-سەن تۆۋەن دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا خام نېفىتنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىم باھادىكى نېفىت نىسبىتىنى مۇۋاپىق ئازايتىپ، ئەڭ يۇقىرى باھادىكى نېفىت سالمىقىنى ئۆستۈرۈپ، نې-فىت بايلىقىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يا-رىتىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

7. تەبىئىي گازدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش خىزمىتىگە تېز تۇتۇش قىلىش كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ۋە زۇڭلى لى پېڭنىڭ «نېفىتنىڭ بىر قىسمىنى مەقسەتلىك ھالدا شىنجاڭغا قالدۇرۇش، تەبىئىي گازنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭغا قالدۇرۇش كېرەك» دېگەن يول-يورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نېفىتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت-نى تېز راۋانلاشتۇرۇپ، تەبىئىي گاز قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشتىكى تەپسىلىي ماتېرى-ياللارنى ئىگىلەپ، ھەقىقىي ئاقىدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئاپتونوم رايون ئال-دى بىلەن نېفىتلىكتە بىر تۈركۈم تەبىئىي گاز بىرتەرەپ قىلىش قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ، نېفىتلىك ئەتراپىدىكىلەرنىڭ يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ۋە تەبىئىي گاز خىمىيە سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇشتىكى خام ماتېرىيال مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى ھەمدە تۇرپان - ئۈرۈمچى تەبىئىي گاز تۇ-رۇبا يولى قۇرۇلۇشىنى ئىلىپ بېرىپ، تەبىئىي گازدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىشنىڭ تەييار-لىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. نۆۋەتتە ھاۋاغا كۆپ مىقداردا تەبىئىي گاز قويۇپ بېرىلىپ، بايلىق ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ، مۇھىت بۇلغىنىۋاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملى-شىشىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

8. نېفىتنىڭ شىنجاڭغا قالدۇرۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ھازىرقى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھازىر دۆلەت پىلان بويىچە شىن-جاڭغا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان نېفىت مىقدارى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى-نىڭ 44 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. 1990 - يىلى تۆرلۈك تېجەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش، ھەمدە بىر قىسىم زاپاس نېفىتنى ئىشلىتىش بىلەن، پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى ئاندىن پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىنىڭ 61 پىرسەنتىگە يەتتى، 3 تىن بىرقىسىم ئۈسكۈنىلەر بىكار قېلىپ، ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولماي قالدى. شۇڭا نېفىتنىڭ شىنجاڭغا قالدۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاپتونوم رايوننىڭ ھازىرقى نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىقتىدارىغا ۋە يەرلىك نېفىت خىمىيە سانائىتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش-نىڭ نېفىتكە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. 8 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى-دە، دۆلەت 90 - يىلدىكى نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى توپ سان قىلىپ، نېفىتنىڭ كۆ-پەيگەن قىسمىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن يەرلىككە قالدۇرسا.

9. نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ، جەمئىيەت ئامانلىقى ، قاتناش - ترانس-
پورت ۋە مۇھىت ئاسراشنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش كېرەك. تۇرپان - قۇ-
مۇل ، تارىم ئويمانلىقىدا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ھازىر يېڭى باسقۇچقا قەدەم
قويدى ، شۇڭا قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تولۇق باشقۇرۇش
خىزمەتلىرىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋالىنى تۈزىتىش كېرەك. بۇندىن كېيىن نېفىتلىك
بىرلەشمە جېڭگە قاتناشقانلىكى قوشۇنلار جەزمەن ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار
تارماقلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشى ،
شۇ يەردىكى ج خ ئورگانلىرىغا ۋاقىتلىق نوپۇسقا مەلۇم قىلىشى لازىم. نېفىتلىكتىكى تولۇق
ئاپتوموبىللارنى شۇ يەردىكى قاتناش باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىملىتىش ھەمدە قاتناش
باشقۇرۇش قائىدىلىرىگە ئاساسەن تولۇق خىراجەتلەرنى تاپشۇرۇش كېرەك. ئاپتومو-
بىللارنى قۇم ، چۆل - جەزىرىلەردە خالىغانچە ھەيدەشكە بولمايدۇ ، يوللار بۇزۇۋېتىلسە ،
ياساپ بېرىلىشى كېرەك. نېفىت تارماقلىرى ۋە يەرلىكتىكى ئالاقىدار تارماقلار تەدبىر قول-
لىنىپ ، ياۋا ئۆسۈملۈك يىپىنچىلىرىنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداپ ، نېفىت قىدىرىپ
تەكشۈرۈش - ئېچىشنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈ-
شى لازىم.

10 . نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش - ئېچىش ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش
جەھەتتە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، ئۆز ئارا ياردەم قىلىش توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە
تەدبىرلەرنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نېفىت قىدى-
رىپ تەكشۈرۈش - ئېچىشقا ياردەم بېرىش خىزمىتىدە پىلاننى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە سىس-
تېملار بويىچە باشقۇرۇشى ، نېفىتلىك جايلاشقان ۋىلايەت ، ئوبلاست ۋە بىڭتۈەندىكى ئالا-
قىدار ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە جايلارنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسىپ سىياسى-
تى ۋە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىپ تۈزۈپ چىقىشى ، ئۇلارنىڭ
ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى ماسلاشتۇرۇشى كېرەك. نېفىت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ،
تۇرمۇش ۋاستىلىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ ؛ نېفىت كارخانى-
لىرىنىڭ مەبلەغ - تېخنىكىسى ۋە يەرلىكنىڭ ھازىرقى ئىشلەپچىقىش ئىقتىدارى ، ھۈنەر -
سەنئەت تېخنىكا سەۋىيىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ، شۇ را-
يونلارنىڭ سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ، نېفىت ۋە
نېفىت خىمىيە سانائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، ئىق-
تىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ ، ئۆزئارا ياردەم قىلىپ ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەت-
كۈزۈپ ، نېفىت سانائىتىنى يەرلىك ئىقتىساد بىلەن بىرلىكتە تېز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە-
گە قىلىش كېرەك. ئۆز رايونىنىڭلا مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتىدىغان ، ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن
كارى بولمايدىغان قىسقا مۇددەتلىك قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش لازىم.

كۆچۈرۈلمە

# نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك


مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى بەنگۈڭتىڭى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن

چېڭ شياڭچىڭ


خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى سوت، تەپتىش ئورگانلىرىنى نازارەت قىلغاندا، نا-
زارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشنىڭ
مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىدە بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل پىكىر بار. بىر خىل پىكىردىكىلەر: خەلق قۇرۇلتىيى ئىككى مەھكىمىنىڭ خىز-
مىتىگە نازارەتچىلىك قىلسا بولىدۇ، ئەمما كونكرېت دېلوغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك، بولمىسا مۇستەقىل
سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى خىل
پىكىردىكىلەر: خەلق قۇرۇلتىيى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغانىكەن، ئەدلىيە ئورگانلىرى بېجىرگەن
دېلونى بىۋاسىتە تۈزىتىش ھوقۇقى بولىدۇ، دېلونى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلالمىسا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
ئىككى مەھكىمىگە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەن بۇ ئىك-
كىلا خىل كۆز قاراشقا قوشۇلالمايمەن.

ئالدى بىلەن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىشى كونكرېت دېلوغا
چېتىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

ئىككى مەھكىمىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى دېلو ئىشلەش، خىزمىتىنىڭ قانداق ئىشلەنگەنلىكى، ئاسا-
سىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقى كونكرېت دېلودا بىۋاسىتە ئەكس ئېتىدۇ.
روشەنكى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى كونكرېت دېلوغا ئارىلاشمىسا، ئىككى مەھكىمە-
نىڭ خىزمىتىگە ئۈنۈملۈك نازارەت قىلالمايدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزدە تۆۋەندىكىدەك قانۇنىي ئاساس
بار: (1) ئاساسىي قانۇنىنىڭ 126 - ماددىسىدا: «خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت قىلىش ھوقۇقىنى قا-
نۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، مەمۇرىي ئورگانلارنى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنى ۋە
شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ»دەپ، 131 - ماددىسىدا: «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەپتىشلىك ھوقۇ-
قىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ. مەمۇرىي ئورگانلارنى، ئىجتىمائىي تەش-
كىلاتلارنى ۋە شەخسلەرنى ئارىلاشتۇرمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئىككى ماددا 1954 - يىلدىكى ئا-
ساسىي قانۇندا «خەلق سوت مەھكىمىلىرى مۇستەقىل سوت قىلىدۇ، قانۇنغىلا بويسۇنىدۇ» دەپ، «يەر-
لىك ھەر دەرىجىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، يەرلىك دۆلەت ئورگان-
لىرىنى ئارىلاشتۇرمايدۇ» دەپ يېزىلغان. كېيىنكىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرتىلدى؟ 1981 - يىلى يولداش
پېڭ جېن ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنى يېزىش گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دېگەنىدى:
«... 7- ماددىدا ‹ خەلق سوت مەھكىمىلىرى مۇستەقىل سوت قىلىدۇ، قانۇنغىلا بويسۇنىدۇ ›. باشقا

ھەر قانداق ئورگان، تەشكىلات، شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ياكى تەسىر كۆرسىتىشىگە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنسە، مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە بولامدۇ - يوق؟ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىنىڭ ئىزاھاتىدا: پارتىيە رەھبەرلىكىدە ج خ، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرى ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، دېيىلگەن. ئىككىنچى، سوت مەھكىمىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئارىلاشسا، تەسىر كۆرسەتسە بولامدۇ - يوق؟ سوت مەھكىمىسى سوتلىغان ھەر قانداق زور مەسىلىگە «ئارىلاشسا ياكى تەسىر كۆرسەتسە بولمامدۇ»؟ مەسىلەن، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى سوتلاشتا مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى «ئارىلاشسا ۋە تەسىر كۆرسەتسە بولمامتى»؟ ئۇنداق بولسا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولامتى؟ ياق! مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئالاھىدە تەپتىش كوللېگىيىسى ۋە ئالاھىدە سوت كوللېگىيىسى قۇرۇپ ئەيىبلەشنى ۋە سوتلاشنى قارار قىلغان، بۇمۇ بىر خىل ئارىلىشىش. ئۈچىنچى، ج خ، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرى ئىش تەقسىم قىلىشىپ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىدۇ، ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ. تەپتىش مەھكىمىسى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىگە قوشۇلمىسا، ئېتىراز بىلدۈرسە بولىدۇ. ئۆز ئارا چەكلەشمۇ ئارىلاشقانلىق. («پېڭ جېن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 400 — 401 - بەتلەر) 1982 - يىلى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە، روشەنكى، يولداش پېڭ جېننىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرى قوبۇل قىلىنغان. يەنى ئىككى مەھكىمە سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزىدۇ، «مەمۇرىي ئورگانلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ نازارىتى، تەسىرى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرىمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. (2) تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنىڭ 3 - ماددىسىدا: «تەپتىش ھەيئىتى دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، باش تەپتىشنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، چوڭ - چوڭ دېلولارنى ۋە باشقا چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدۇ. ئەگەر باش تەپتىش چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە كۆپ سانلىقنىڭ قارارىغا قوشۇلمىسا، شۇ دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنسا بولىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسى تالاش - تارتىش قىلىۋاتقان چوڭ - چوڭ دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقى بولىدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە كېسىم چىقارسا بولىدۇ. (3) ئاساسىي قانۇننىڭ 41 - ماددىسىدا: پۇقرالار ھەر قانداق دۆلەت ئورگىنى ۋە دۆلەت خادىمىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش قىلمىشلىرى ئۈستىدىن مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىغا شىكايەت قىلىش، ئەرز قىلىش ياكى پاش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ بەلگىلەنگەن. يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ 39 - ماددىسىمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىدۇ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئورگانلار ۋە دۆلەت خادىملىرى ئۈستىدىن بەرگەن ئەرز ۋە پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. شىكايەت، ئەرز ۋە پاش قىلىشنى قوبۇل قىلىش ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە، بولۇپمۇ ئىككى مەھكىمە خىزمىتىنى نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم شەكلى. شىكايەت، ئەرز ۋە پاش قىلىشلارنىڭ تولىسى ئىككى مەھكىمە بىر تەرەپ قىلغان كونكرېت دېلولارغا چېتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلەپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىگە ئېرىشتى. مەسىلەن، مەلۇم بىر ناھىيىدىكى ئۈچ ئادۇوكات نورمال مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغىنى ئۈچۈن «جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئالدى» دەپ قارىلىنىپ قولغا ئېلىنغان ۋە بىر تەرەپ قىلىنىپ «ئۈچ ئادۇوكاتنىڭ ناھەق ئەنزىسى» دېگەن داڭلىق ۋەقە كېلىپ چىققان. مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بۇ ھەقتىكى شىكايەتنى قوبۇل قىلىپ، بۇ ئىشنى ئادەم ئەۋەتىپ قايتا - قايتا تەكشۈرگەن، مۇناسىۋەتلىك ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ بۇ ئىشنى باشقـ

دىن بىر تەرەپ قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلغان. ئاخىرى بۇ ئۈچ ئادۋوكات ئاقلانغان. يەنە مەسلەن، مەلۇم شەھەردىكى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى يۇ فامىلىلىك بىرەيلەننى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۆتكۈزدى، دەپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلغان. يۇ بۇنىڭغا قايىل بولماي كۆپ قېتىم شىكايەت قىلغان بولسىمۇ رەت قىلىنغان. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇ ھەم ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قان بىلەن «ئۇۋال بولدى» دېگەن خەتنى يېزىپ شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىغا شىكايەت قىلغان. شەھەرلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ھەمدە كۆپ قېتىم بۇ ھەقتىكى دوكلاتلارنى ئاڭلاپ، بۇ دېلودا پاكىت ئېنىق ئەمەس، جىنايەت بېكىتىشنىڭ ئاساسى كەمچىل، دەپ قاراپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن قايتا تەكشۈرۈشىنى تەكلىپ قىلغان. شەھەرلىك يۇقىرى سوت 1989 ـ يىلى قايتا سوت قىلىپ كېسىم چىقىرىپ، ئەسلى ھۆكۈمنى ئىناۋەتسىز قىلىپ، يۇنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بەرگەن. دېمەك، قانۇندىكى بەلگىلىمە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئەمەلىي تەجرىبە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىشتا كونكرېت دېلوغا ئارىلىشىشى توغرا كەپ.

ئۇنىڭدىن قالسا، خەلق قۇرۇلتىيى ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشتا كونكرېت دېلونى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلسا بولمايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئىككى مەھكىمىگە ياخشى نازارەتچىلىك قىلىشتا ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق تەقسىماتى پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى لازىم. يولداش پېڭ جېن مۇنداق دېگەنىدى: «نازارەتچىلىك قىلىشىمىز كېرەك دېگەنلىك گوۋيۈەن، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرى قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۈستىلىشى لازىم دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلىنىدىكەن، گوۋيۈەن، سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ بىرىنچىدىن بىز قىلىپ بولالمايمىز، ئىككىنچىدىن ياخشى قىلالمايمىز.» («پېڭ جېن ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 563 ـ بەت) يولداش ۋەن لىمۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنغا ئاساسەن ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى، ھۆكۈمەت، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ھوقۇقى دائىرىسىدىكى خىزمەتلەرگە چات كىرىۋالماسلىقى لازىملىقىنى، «ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش، ئۈنۈملۈك ئىشلىشىگە، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى» كېرەكلىكىنى ئېيتقان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا پۈتكۈل خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھوقۇقنى بۆلۈۋېلىپ روبىرو تۇرىدىغان مۇناسىۋەت بولماستىن، بەلكى ئۆز ئارا ماسلىشىدىغان، ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋەت. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى، سوت قىلىش ھوقۇقىنى ۋە قوراللىق كۈچلەرگە رەھبەرلىك قىلىش ھوقۇقىنى ئېنىق ئايرىغاندا، ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ كېتىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولىدۇ، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىمۇ ئۈنۈملۈك يۈرگۈزگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا ياكى چاد كىرىۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ، جۈملىدىن سوت ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىل سوتلاش ھوقۇقى ۋە تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ مۇستەقىل تەپتىش قىلىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا ياكى چاد كىرىۋېلىشقا بولمايدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئىككى مەھكىمىگە ياخشى نازاەتچىلىك قىلىشتا قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەرگىمۇ قاتتىق ئەمەل قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئاساسىي قانۇن ۋە

قانۇنلاردا بېرىلگەن. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن چەتنىگەندە ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىكى
ئاساسسىز بولۇپ قالىدۇ. ئىككى مەھكىمە بىر تەرەپ قىلغان دېلولارغا نازارەتچىلىك قىلىشنىڭ زورۇر
ياكى زورۇر ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قانۇن بولۇپ ، ئاشۇ دېلولارنى تەپتىش قىلىش ۋە سوت
قىلىشنىڭ قانۇن بويىچە بولغان - بولمىغانلىقىغا ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىنغان -
قىلىنمىغانلىقىغا قارىلىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئاساسەن سوت قىلىش ۋە تەپ-
تىشلىك خىزمىتىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىدۇ. نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى
قانداق يۈرگۈزۈشتىمۇ قانۇن ئۆلچەم قىلىنىدۇ ، يەنى قانۇندا بەلگىلەنگەن شەكىل ۋە تەرتىپ ئارقىلىق ،
ئىككى مەھكىمىنىڭ سوت قىلىش ۋە تەپتىشلىك خىزمىتىدىكى ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنلارغا خىلاپلىق
قىلىندى دەپ قارالغان مەسىلىلەر تۈزىتىلىدۇ. بۇ شەكىل ۋە تەرتىپ ھەققىدە قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگىنى
ئاساسەن مۇنۇلار : خىزمەت دوكلاتى ياكى خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش ، شىكايەت ،
ئەرز ، پاش قىلىشلارنى قوبۇل قىلىش ، سۈرۈشتۈرۈش ۋە سوئال سوراش ، ئالاھىدە مەسىلىلەرنى تەك-
شۈرۈش ، خىزمەتتىن قالدۇرۇش ۋە ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش قاتارلىقلار. 1989 - يىلى 3 - ئايدا 7 -
نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا بېرىلگەن مەملىكەتلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ
خىزمەت دوكلاتىدا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرتىپى ۋە تۈزۈمى ھەققىدە تۆت ماددا
بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىك مۇنداق بەلگىلەنگەن:
«خەلق قۇرۇلتىيى سوت ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرىنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلغاندا ، كونكرېت
دېلولارنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلمايدۇ. ئەگەر سوت ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە پىكرى بول-
سا ، سۈرۈشتۈرسە ۋە سوئال سورىسا بولىدۇ. خاتا دېلولارنى تۈزىتىشنى سوت ، تەپتىش مەھكىمىسى
قانۇن تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ بېجىرىشى لازىم. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سوت ، تەپتىش مەھكىمىسى بىر
تەرەپ قىلغان ئالاھىدە چوڭ دېلولارغا پىكرى بولسا ، سوت ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىسا
بولىدۇ ، قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش ئۆيۈشتۇرسىمۇ بولىدۇ. خاتا دېلو ئىكەنلىكى راست بولسا ،
سوت ، تەپتىش مەھكىمىسىنى قانۇن بويىچە تۈزىتىش ياكى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇسا بولىدۇ.» بۇ
يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپ ئۈچ تۈرلۈك: (1) خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك قىلغاندا كونك-
رېت دېلولارنى بىۋاسىتە بىر تەرەپ قىلمايدۇ ، يەنى سوت ، تەپتىش مەھكىمىسىنى قايرىپ قويۇپ ، سوت
قىلىش ، تەپتىشلىك خىزمىتىنى قىلمايدۇ. (2) ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمىتىدىن رازى بولمىسا ، ئۇنىڭغا
پىكرى بولسا ، ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەت مەلۇماتىنى ئاڭلىسا بولىدۇ ، سۈرۈشتۈرسە ، سوئال سورىسا
بولىدۇ ، ئالاھىدە چوڭ دېلولار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئۆيۈشتۇرسىمۇ بولىدۇ. (3) خاتا دېلولارنى ئىك-
كى مەھكىمە قانۇن بويىچە ئۆزى تۈزىتىدۇ. بۇ ئۈچ پرىنسىپ ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇننىڭ بەلگىلە-
مىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبىلەرنىڭ يەكۇنى. يۇقىرىدا بىز مىسالغا ئال-
غان ئىككى دېلو ئۈستىدە خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى مۇشۇ بەلگىلىمە ۋە تەلەپلەر بى-
لەن بىردەك.

ئومۇمەن ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىككى مەھكىمە ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلغاندا ، كونك-
رېت دېلولارغا ئارىلاشمىسا ، مەسئۇلىيەتسىزلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن؛ كونكرېت دېلولارنى بىۋاسىتە
بىر تەرەپ قىلسا ، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىشتىن ساقلىنىش تەس بولۇشى مۇمكىن. مەسئۇلىيەت-
سىزلىكمۇ قىلماسلىق ، ھوقۇق دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرى-
نىڭ نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن سوت ، تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ سوت قىلىش ، تەپتىشلىك
ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم ، بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئاساسى پەقەت ئاساسىي قا-
نۇن ۋە قانۇنلاردىن ئىبارەت.

**يېزىلىق ، بازارلىق خ ق خىزمىتى**

# دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتلىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ناھىيىلىك ، يېزىلىق فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇيۇشتۇردى

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا ، دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ ئۇش قاراسۇ يېزىسى ، شاڭخۇ يېزىسى ، مارالسۇ
يېزىسى ، شەھەر ئەتراپى يېزىسى ۋە دۆربىلجىن بازىرى ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىـ
نى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنى باھالاشقا ئۇـ
يۇشتۇردى. بۇ قېتىمقى باھالاش سايلىغۇچىلار ۋە ۋەكىللەردىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا ئېـ
لىپ بېرىلدى. باھالاشتىن ئىلگىرى ، تۆت يېزىلىق ( بازارلىق ) خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى كۆپ
خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ تەشۋىقات ئېلىپ باردى ھەمدە ناھىيىلىك ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەـ
رىنى سايلام رايونىغا بېرىپ ، سايلىغۇچىلارنى زىيارەت قىلىپ ، ئاممىنىڭ پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ
ئاڭلاشقا ئۇيۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يېزىلىق ، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتـ
لىرى يەنە قىسمەن ناھىيىلىك ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ناھىيىلىك ، يېزىلىق فۇنكسىيىلىك
تارماقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى مەخـ
سۇس تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇردى.

باھالاش خىزمىتى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ باھالاش ، مەركەزلەشتۈرۈپ باھالاش ، نۇقتىلىق باـ
ھالاش ۋە ئادەتتىكى باھالاش بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. باھالاش جەريانىدا ، فۇنكسىيـ
لىك تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ئالدى بىلەن بىر يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن مەلۇمات بەردى ،
خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پىكىر ، تەنقىد ۋە تەۋسىيىلىرىنى يۈز تۇرانە ئوتتۇرىغا قويدى. شاڭخۇ يېزىـ
لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېزىلىق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ خىزمىتىنى باھالىغاندا ، يېزىلىق
تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىن ۋەكالىتەن سېتىش ئورنىنى كۆپەك قۇرۇشنى ، دېھقانچىلىق ماددىي ئەشـ
يالىرى ، يەرلىك مىلىچ ماللارنى ۋاقتىدا ھەم تولۇق تەمىنلەشنى ، يەن ـ تېخىمۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكنى
گۈللەندۈرۈش جەھەتتە ، ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇنقى ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىـ
رىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى ؛ يېزىنىڭ مائارىپ خىزمىتىنى باـ
ھالىغاندا ، ۋەكىللەر نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئاساستا ، مەكتەپ باشقۇرۇش قالايمىقان بوـ
لۇش ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى ناچار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەنقىد ، تەۋـ
سىيەلەرنى بەردى. ۋەكىللەر مارالسۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى باھالىغاندا ، يېزىلىق شىپاخانىدا
دورا قىس ، ئىنتىزام بوش ، خىزمەت پوزىتسىيىسى ناچار ئىكەنلىكىنى ؛ يېزىلىق پوچتا پونكىتىنىڭگېزىت ـ
ژۇرنال ۋە خەت ـ چەكلەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرمەيۋاتقانلىقىنى ؛ يېزىلىق سۇ پونكىتىدا ئىچكى باشـ
قۇرۇش قالايمىقان ، سۇ باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى ھەمدە يېزىلىق ھۆـ
كۈمەتتىن رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ،
خىزمەتنى ياخشىلاشنى ۋە پىكىرلەرنى بېجىرىش نەتىجىسىنى ۋاقتىدا ۋەكىللەرگە ئۇقتۇرۇشنى تەلەپ قىلـ
دى. بۇ قېتىمقى باھالاش ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى ئىچىدە تەسىر قوزغاپ ، ياخشى ئۈنۈم
بەردى. بۇندىن كېيىن بۇ پائالىيەتنى تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە دائىملاشتۇرۇش زۆرۈر.

( تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن
« خىزمەت ئۇچۇرلىرى »نىڭ 1992 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى )

قسقا خەۋەرلەر

# ئاقسۇ كونشەھەر ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ئەدلىيە نازارەتچىلكىنى كۈچەيتتى

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاقسۇ كونشەھەر ناھيىلىك ج خ ئورگىنى ۋە سوت مەھكىمىسى بىر قىسىم جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ، ئۇززۇنغىچە ھەل قىلمىغانىدى. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇ ئەنزىلەرنىڭ قانۇن بويىچە توغرا ۋە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنى ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ج خ، تەپتىش، سوت، رېۋىزىيە، مالىيە قاتارلىق تارماقلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇززۇنغىچە كېسىلمەي كېلىۋاتقان بەزى ئەنزىلەر ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى، بۇ ھال ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1991 - يىل 6 - ئايدا ساۋاپچى فېرمىسىدىكى بىر ئىشچى 1987 - يىلى يۈز بەرگەن بىر قاتناش ۋەقەسى ئەنزىسىنىڭ تۆت يىلغىچە بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىپ، ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتىنىڭ ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل خادىملار بىلەن ئەنزە ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئەنزە بېجىرگۈچى خادىملار بىلەن نەق مەيدانغا بېرىپ، تۆت يىلغىچە ھەل بولمىغان ئەنزىنى بىر كۈندىلا ھەل قىلدى.

(ئاقسۇ كونشەھەر ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىدىن يۈسۈپ)

# تولى ناھيىسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، تولى ناھيىلىك خ ق دائىمي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئېلۇۋباي قاتارلىق تۆت يولداش ناھيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، ئىقتىسادىي زىيان ئېغىر بولۇش، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇش مەسىلىسىنى مەخسۇس كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ ئورۇندا پۇلنى قىسۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش، خىيانەت قىلىش، قەرز ئېلىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك ئىكەنلىكىنى، ئىقتىسادىي زىياننىڭ بىر مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئىگىلىدى. ئېلۇۋباي قاتارلىق يولداشلار بۇنى دەرھال ناھيىلىك پارتكومغا دوكلات قىلدى، ناھيىلىك پارتكوم بۇنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىپ ھەممە ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلارنى ئەۋەتىپ تەكشۈردى ۋە بىر تەرەپ قىلدى.

(تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى كومىتېتىدىن شۆجىلىن)